# ئېكولوگىيەنى زور دەرىجىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان يېشىللىقنى بارلىققا كەلتۈردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ئومۇمىي سۇ مىقدارىنى تەڭشەپ كېمەيتىشتىن كەلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ئەڭ قاتتىق بولغان سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، سۇ ئىشلىتىش ئومۇمىي مىقدارىنى تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچى ۋە سۇغىرىش كۆلىمىنى چېكىندۈرۈپ كېمەيتىش كۆرسەتكۈچىنى ھەربىر يېزا ـ بازار ۋە ھەربىر دەرياغا بۆلدى.

قۇتۇبى ناھىيەسى قاتارلىق تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى كۆپلىگەن ناھىيە، شەھەردە سۇ ھوقۇقى سودا سۇپىسى ئارقىلىق، سۇ ئىشلىتىش نورمىسى ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ ئوخشاش بولمىغان كەنتلەر ئارىسىدا ئۈنۈملۈك يۆتكىلىش ۋە تەڭشەشنى شەكىللەندۈرۈپ، تەبىئەتتىن ئارتۇقچە سۇ تەلەپ قىلىنمايدىغان بولدى؛ 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەپ سۇغىرىش كۆلىمى 40 مىليون مودىن ئاشتى؛ تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا سانسىزلىغان قانۇنسىز توك قۇدۇقلىرى تاقالدى، تىندۇرۇۋېتىلدى؛ شەھەر، يېزا، كەنتلەردە سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىگە ئايلاندى.

بارلىق مېخانىزم، ئىدىيە ۋە تېخنىكا ۋاستىلىرىنى قوللىنىش پەقەت بىرلا ئىش ئۈچۈن: سۇنى تېجەپ تەبىئەتكە قايتۇرۇش ئۈچۈندۇر.

«بۇ يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭ دەريا، كۆل باشلىقى تۈزۈمىنى تۇتقا قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى تاغ ئېغىزىدىن چىقىدىغان كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 100 مىليون كۇب مېتىردىن ئاشىدىغان 88 دەريانى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى دەريالارنىڭ ئېكولوگىيەلىك ئېقىن مىقدارىنى بېكىتىدۇ» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق دەريا، كۆل باشلىقى تۈزۈمى ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى ليۇ خۇڭشياڭ. تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئېكولوگىيەلىك سۇ ۋەكىللىكىدىكى ئېكولوگىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇھىم ئامىل مىقدارىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قوغداشنى يولغا قويۇش بوشلۇقى بىلەن تەمىنلىدى.

### قوغداشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش تەبىئىي مۇھىتنى ھەر تەرەپلىمە ئاسرىدى

شۇڭقار قانات قېقىپ بۇلۇتنى يېرىپ ئۆتىدۇ، ياۋا قوتازنىڭ ئاۋازى گۈلدۈرمامىدەك ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئەتىۋارلىق، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان 51 خىل ھايۋان ۋەكىللىكىدىكى سانسىزلىغان ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر ئالتۇنتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا ھاياتلىق دەۋرىيلىكىنى خاتىرجەم تاماملىماقتا.

ھايۋانلارنىڭ خاتىرجەملىكى ئىنسانلارنىڭ قوغدىشىدىن كېلىدۇ. مۇھاپىزەت رايونىدا يېپىق شەكىلدە باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان بولۇپ، قانۇنسىز كېسىپ ئۆتۈش پائالىيەتلىرى قاتتىق چەكلەنگەن. 2018 ـ يىلى «ھەممىنى تاقاش، دەرھال چېقىش، ئېكولوگىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تېزدىن تاماملاش» تەلىپى بويىچە، مۇھاپىزەت رايونىدىكى توققۇز ئورۇندىكى كانچىلىق كارخانىسىنىڭ ھەممىسى ئېكولوگىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تۈزەشنى تاماملىدى. ھازىرغا قەدەر، ئالتۇنتاغ مۇھاپىزەت رايونىدا ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ھېچقانداق قۇرۇلۇش يولغا قويۇلمىدى.

ئالتۇنتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى جاڭ شياڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: يېقىنقى بىر قېتىملىق ئۈنىۋېرسال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئىستاتىستىكىسىغا بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، مۇھاپىزەت رايونىدىكى ياۋا قوتاز، شىزاڭ ياۋا ئېشىكى، شىزاڭ بۆكىنىنىڭ ئومۇمىي سانى ھازىرقى 100 مىڭ تۇياق ئەتراپىغا مۇقىملىشىپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىكى مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلگەندەك ئەسلىگە كەلگەن.

نۆۋەتتە، شىنجاڭدا ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك تەبىئىي مۇھاپىزەت ئورنىدىن 221ى بار بولۇپ، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، داڭلىق مەنزىرە رايونى، ئورمان باغچىسى، سۇلۇق يەر باغچىسى، گېئولوگىيە باغچىسى، سۇ مەھسۇلاتلىرى ئۇرۇق پىلازمىسى بايلىقىنى قوغداش رايونى قاتارلىق يەتتە خىل تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى 240 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، بۇ، ئىچكىرى رايونلاردىكى نۇرغۇن ئۆلكىنىڭ كۆلىمىدىنمۇ چوڭ.

تۈزۈم قۇرۇلۇشى تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىنى مۇھاپىزەت كۈنلۈكى بىلەن تېخىمۇ قاپلىدى. بۇ يىلىنىڭ بېشىدا، شىنجاڭ بىر قاتار بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىپ، ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇش، ئۆلتۈرۈش، سودىلىشىش، يېيىشتەك بارلىق قىلمىشلارنى قەتئىي چەكلىدى. ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنى قالايمىقان يىغىش، قالايمىقان كولاشقا زەربە بېرىش سالمىقىنى زورايتىپ، 700 خىلدىن ئارتۇق ياۋايى ھايۋان، 4000 خىلدىن ئارتۇق ياۋا ئۆسۈملۈكنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى.

ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشى ۋەكىللىكىدىكى دۆلەت زېمىنىنى كەڭ كۆلەمدە كۆكەرتىش ھەرىكىتى ئەزەلدىن توختاپ قالمىدى. «13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، شىنجاڭ سۇغا قاراپ كۆكەرتىلىدىغان كۆلەمنى بېكىتىپ، سۇ مىقدارىغا ئاساسەن يولغا قويۇش، غوللۇق دەرەخ ئۆستۈرۈشكە باب كەلسە غوللۇق دەرەخ ئۆستۈرۈش، چاتقال ئۆستۈرۈشكە باب كەلسە چاتقال ئۆستۈرۈش، ئوت ـ چۆپ ئۆستۈرۈشكە باب كەلسە ئوت ـ چۆپ ئۆستۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى، تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش، قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تىزگىنلەش قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارغا تايىنىپ، 11 مىليون 130 مىڭ مو يەردە ئورمان بىنا قىلىپ، 8 مىليون 90 مىڭ مو كۆلەمدىكى قۇملاشقان يەرنى دائىرىلىك مۇھاپىزەت قىلىپ، 24 مىليون 660 مىڭ مو قۇملاشقان يەرنى تىزگىنلەشنى تاماملىدى. 690 مىليون مو يەرگە ئوتلاق ئېكولوگىيەسىنى قوغداش ياردەم پۇلى بېرىش، مۇكاپاتلاش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 11 مىليون مو ئوتلاقنى قاشالىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سۇلۇق يەرنى قوغداش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، 60 مىليون مودىن ئارتۇق سۇلۇق يەرنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى ۋە ئەسلىگە كەلتۈردى.

### قوشۇمچە ئارىلىشىش تەبىئىي ئەسلىگە كېلىشكە كۈچ قوشتى

ياز كۈنلىرى چۈشتە، ئېبىنۇر كۆلىدە ئىسسىق دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ، يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسە تەۋرىنىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما قاش قارىيىشى بىلەن، غاز بوغۇز بۆكەن ئاستا ـ ئاستا سەكرەپ چىقىدۇ، قىزىل تۈلكە پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ماڭىدۇ، قۇشلار سۇ يۈزىنى سىيپاپ ئۆتۈپ، يول ـ يول ئالتۇن رەڭ دولقۇنلارنى قالدۇرىدۇ.

«مۇھاپىزەت رايونىدا ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت قىلىش دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشتى.» ئېبىنۇر كۆلى سۇلۇق يەر دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ياۋ شۈيىن مۇنداق دېدى: «ياۋايى ھايۋانلار، بولۇپمۇ قۇشلارنىڭ سانى مۇناسىپ ھالدا كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى.» نۆۋەتتە ئېبىنۇر كۆلىدىكى قۇشلارنىڭ تۈرى مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى 111 خىلدىن 267 خىلغا كۆپەيدى، كۆزىتىلگەن قۇشلارنىڭ ئومۇمىي سانى 2 مىليوندىن ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئېبىنۇر قېيىنى، ئېبىنۇر جۇزغۇنى قاتارلىق ئۆزگىچە تۈرلەرنىڭ ھاياتىي كۈچى ئەسلىگە كەلدى.

ۋاقىت ۋە بوشلۇق بېرىلسىلا، ھاياتلىقنىڭ ئۆزىگە خاس چىقىش يولى بولىدۇ، شىنجاڭ دەل شۇنداق. بىپايان ئوتلاقتا چارۋىچىلارنىڭ قوي ـ كاللىرى كۆچۈپ ئايرىلدى، يەر ئاستى سۇ ئورنى ئۆرلەپ، ئوتلاقلار جانلاندى؛ چەكسىز كەتكەن چۆللۈكتە قاشالار چېگرانى قوغدىدى، پەقەت چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارلا بار بولۇپ، يۇلغۇن، سۆكسۆكلەر كۈندىن ـ كۈنگە بۈك ـ باراقسان ئۆستى؛ تۇتاش كەتكەن تەبىئىي ئورمان رايونىدا دەرەخ كەسكۈچىلەر ئورمان قوغدىغۇچىلارغا ئايلاندى، ئېگىز ۋە تىك چوققىلار ئارىسىدا شەمشادلار ئاسمانغا تاقىشىپ، يىلپىز، ئېيىقلار بىمالال يۈرىدىغان بولدى؛ ئوت ـ چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن سۇلۇق يەردە سۇ مەنبەسىنى تولۇقلاش سىجىل كۈچەيتىلدى، ئاق قۇلار ئويناقشىپ، سۇ ھورى كۆتۈرۈلدى.

«تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاق بىر گەۋدىلەشكەن ئېكولوگىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدا، تەبىئىي ئەسلىگە كېلىش ئاساسلىق ۋاستە.» ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى ئېكولوگىيەنى ئاسراش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ياڭ جيەنمىڭ مۇنداق دېدى: «ئەمما كىشىلەر ئاچقۇچلۇق قوشۇمچە ياردەم خاراكتېرلىك ۋاستىدىن پايدىلىنىپ، تەبىئىي ئەسلىگە كېلىشكە ئەڭ زور دەرىجىدە كۈچ قوشتى».

2016 ـ يىلدىن باشلاپ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنگە ئېكولوگىيەلىك سۇ قويۇپ بېرىش بىلەن بىللە، لىنىيە بويىدىكى توغراقلىققا سۇ تولۇقلاش باشلاندى. 2019 ـ يىلىلا ئېقىن مەنبەسى ۋە تارىم دەرياسى غول ئېقىنىنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى توغراق ئورمان رايونىغا ئېكولوگىيەلىك سۇ تولۇقلاش مىقدارى 2 مىليارد 100 مىليون كۇب مېتىرغا، سۇ بېسىپ كەتكەن توغراقلىقنىڭ تەسىرگە ئۇچرىغان كۆلىمى 7 مىليون 120 مىڭ موغا يەتتى، بۈگۈنكى كۈندە، تارىم دەرياسى قايتا ھاياتىي كۈچكە تولغان مىليونلىغان توغراق بىلەن قاپلىنىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ دەريا بويى پاسلى مەھكەم ساقلاندى.

شىنجاڭدا تەبىئىي ئورمانلارنى تاۋار خاراكتېرلىك كېسىش ئۇدا 15 يىل توختىتىلدى، 60 مىليون موغا يېقىن تەبىئىي مۇھاپىزەت قۇرۇلۇشى رايونىدا، ئوتتۇرا ھال، كىچىك دەرەخلەرنى پەرۋىش قىلىش خىزمىتى ئەزەلدىن توختاپ قالمىدى. ئېكولوگىيەنىڭ تەبىئىي ئەسلىگە كېلىشى بىلەن ئادەم كۈچى ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇش ئارقىلىق، قۇرۇلۇش رايونىدىكى ئورمان كۆلىمى 31 مىليون 420 مىڭ مودىن 34 مىليون 330 مىڭ موغا كۆپەيدى، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 25.66%تىن 28.94%كە ئۆستى، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ساپ ئېشىشى 22 مىليون 480 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، ئورمان كۆلىمى، ئورمان زاپىسى ۋە ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتىدە ئۈچ ئېشىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۈگۈنكى كۈندە پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 2011 ـ يىلىدىكى 4.24%تىن 4.87%كە ئۆستى.

ھەربىر قەدەم تېخىمۇ يىراققا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈندۇر. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا ھاياتلىققا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىپ، تەبىئىي ئېكولوگىيە گۈزەل مەنزىرىسىنى كىشىلەر ئارىسىدا مەڭگۈ تۇرغۇزدى، تەبىئەتكە تىنچلىق، ئىناقلىق، گۈزەللىكنى قايتۇردى.



بېدە يىغىش

8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، نىلقا ناھىيەلىك ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئىدارىسىنىڭ نىلقا بازىرى بۇلۇڭ مەھەللىسىدە تۈرۈشلۈق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسى ئالاقىلىشىپ، ئاھالىلەرنىڭ بېدە يىغىشىغا ياردەملەشتى. □ بەي لىجۈن فوتوسى

## ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇنجى تۈركۈمدىكى ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىسىنى يەتكۈزۈش باشلاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: «سىزنىڭ ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىڭىز كەلدى، مەھەللە خىزمەتچىلىرى ياكى پىدائىيلار بىلەن ئالاقىلىشىڭىز سىزنىڭ ئورنىڭىزدا ئىمزا قويۇپ ئېلىۋالسۇن.» 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى سائەت 16دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، جۇڭگو پوچتا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك شۆبە شىركىتى يېڭىشەھەر رايونلۇق تىجارەت بۆلۈمىنىڭ يەتكۈزگۈچىسى سۇڭ يەنتاۋ ئۈرۈمچى شەھىرى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايون(يېڭىشەھەر رايونى)لۇق ھۆكۈمەت ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ ئاھالىسى شايىدە تەلئەتكە تېلېفون قىلدى.

شۇ كۈنى، 2020 ـ يىللىق ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىسىنى يەتكۈزۈش خىزمىتى رەسمىي باشلاندى. سائەت 16دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، مەھەللە خىزمەتچىسى سۇڭ يەنتاۋنىڭ قولىدىن قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىسىنى تاپشۇرۇۋالدى.

«قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئىنتايىن ھاياجانلاندىم، بىرىنچى سەپتە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان پوچتا يەتكۈزگۈچىلىرى ۋە مەھەللە خىزمەتچىلىرىگە رەھمەت ئېيتىمەن.» سائەت 17دە، شايىدە مەھەللە خىزمەتچىسىنىڭ قولىدىن قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىسىنى تاپشۇرۇۋالدى.

يۇقۇم مەزگىلىدە ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىسىنى ئەۋەتىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، جۇڭگو پوچتا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك شۆبە شىركىتى بالدۇر ئورۇنلاشتۇردى، بالدۇر ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، قاتتىق باشقۇردى، كونترول قىلدى. «ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىسىنىڭ بىخەتەر ئەۋەتىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يەتكۈزگۈچىلەر جەزمەن پۈتكۈل جەرياندا ماسكا، كۆز قوغداش ئەينىكى تاقايدۇ، مۇداپىئە كىيىمى كىيىدۇ، ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەيدۇ، بارلىق پوچتا يوللانمىلىرى ئۇلترا بىنەپشە نۇردا دېزىنفېكسىيەلىنىپ مىكروب ئۆلتۈرۈلىدۇ، پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇيدىغان ئاپتوموبىللار ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم دېزىنفېكسىيەلىنىدۇ» دېدى جۇڭگو پوچتا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك شۆبە شىركىتى يېڭىشەھەر رايونلۇق تىجارەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىر ياردەمچىسى چېڭ خۇا.

چېڭ خۇا مۇنداق دېدى: ئايرىپ ئىلغاش ھالقىسىدا، يېشىل يول ئېچىپ، مەخسۇس ئادەم بىر تەرەپ قىلىش، ئايرىم بىر تەرەپ قىلىش، ئالدىن بىر تەرەپ قىلىش، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نازارەت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. يەتكۈزۈش ھالقىسىدا دەل، توغرا يەتكۈزۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىسىنى يەتكۈزۈشتە ئىمزا قويۇپ تاپشۇرۇۋېلىش تەرتىپىنى قاتتىق ئىجرا قىلدۇق. يەتكۈزگۈچى جەزمەن تاپشۇرۇۋالغۇچى بىلەن تېلېفوندا ئالدىن ئالاقىلىشىپ، تاپشۇرۇۋالغۇچىغا تۇرۇشلۇق مەھەللە بىلەن ۋاقتىدا ئۇدۇللىشىشنى ئېيتىدۇ، ئاندىن مەھەللە خىزمەتچىلىرى ياكى پىدائىيلار يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئالاقىدار ئۇچۇر خاتىرىسىنى ياخشى قالدۇرۇپ، ۋاقتىدا قايتا زىيارەت قىلىدۇ، يەتكۈزۈش بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىسى يىتىپ كېتىش، بۇزۇلۇپ كېتىش، كۆز بوياپ ئېلىۋېلىش قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىنى قەتئىي توسىدۇ.

باشقۇرۇش ـ كونترول قىلىش ھالقىسىدا، زامانىۋى ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋاستىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، سىستېما سۇپىسى ئارقىلىق، ھەر كۈنى ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىسىنىڭ يەتكۈزۈش ـ تاپشۇرۇۋېلىش ھالىتى پۈتۈن جەريانلىق ئىز قوغلىنىپ، ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىسىنى ئەۋەتىش ئۇچۇرىنى تەكشۈرۈش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىنىدۇ.

چېڭ خۇا مۇنداق تونۇشتۇردى: ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغىنى، ئىلگىرى شۇ كىشى كىملىكى بىلەنلا ئىمزا قويۇپ ئالالايتتى. بۇ يىل مەھەللە خىزمەتچىلىرى ياكى پىدائىيلار ۋاكالىتەن ئىمزا قويۇپ تاپشۇرۇۋېلىپ، ئاندىن شۇ كىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان بولغاچقا، شۇ كىشىنىڭ كىملىكى، ئىمتىھانغا قاتنىشىش كىنىشكىسى، ھەمدە مەھەللە خىزمەتچىسى ياكى پىدائىيلارنىڭ كىملىكىنى تەڭ كۆرسەتكەندىلا ئاندىن ئىمزا قويۇپ تاپشۇرۇۋېلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، بۇ يىللىق ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىسىنى ئەۋەتىش خىزمىتىنىڭ مۇقىم، تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جۇڭگو پوچتا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك شۆبە شىركىتى مۇددەتتىن بۇرۇن ئۈرۈمچىدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنى زىيارەت قىلىپ، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇلازىمەت تەرتىپىنى بىر ـ بىرلەپ بېكىتتى ھەم ئالاقىلەشكۈچى تەسىس قىلىپ بىر ـ بىرلەپ ئۇدۇللاشتۇرۇپ، مەكتەپلەرگە ماسلىشىپ پوچتا يوللانمىلىرىنى كىرگۈزۈش، پېچەتلەپ قاچىلاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىدى. نۆۋەتتە، بۇ شىركەت 27 ئالىي مەكتەپ بىلەن يەتكۈزۈش كېلىشىمى ئىمزالىدى، مۆلچەرلىنىشچە، 77 مىڭ 750 يوللانما يەتكۈزۈلىدىكەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتوموبىل ھەم خادىملارنىڭ نىسپىي مۇقىملىقى ساقلىنىپ، يۇك توشۇش مەنبەسى ئۆتكىلى چىڭ تۇتۇلدى، ئاپتوموبىل ھەربىر قېتىم سىرتقا چىققاندا ئاپتوموبىل گەۋدىسى بىر قېتىم دېزىنفېكسىيەلەندى؛ يۈك ئاپتوموبىللىرى بازارغا كىرگەندە پۈتۈن ئاپتوموبىل سىرتىدىن دېزىنفېكسىيەلەندى ھەم ئاپتوموبىلنىڭ كىرىش ـ چىقىشنى تىزىملاش، ئاپتوموبىلدىكى كىشىلەرنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش ياخشى ئىشلەندى؛ ماددىي ئەشيالار تەقسىملەپ يەتكۈزۈلۈشتىن بۇرۇن سىرتقى ئورالمىسى دېزىنفېكسىيەلەندى، پىدائىيلار پۈتكۈل جەرياندا ماسكا تاقاپ ۋە مۇداپىئەلىنىش پەلىيى كىيىپ، ئۇچراشماي تەقسىملەپ يەتكۈزۈش شەكلىنى قوللاندى. مەھەللىدىكى كۆكتات، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بىۋاستە سېتىش نۇقتىسى، قولايلىق دۇكان قاتارلىقلاردا دۇكان ئىچى ـ سىرتىنى نىسپىي ئايرىش رايونى تەسىس قىلىنىپ، ئايرىپ ئىلغاش خادىملىرى بىلەن تەقسىملەپ يەتكۈزۈش خادىملىرى ئۇچراشتۇرۇلمىدى، گىرەلەشتۈرۈلمىدى؛ ئوچۇق يېمەكلىكلەر ۋە پۈركۈپ، سۈرتۈپ دېزىنفېكسىيەلەشكە بولمايدىغان ئاشلىق قاتارلىق تاۋارلاردىن باشقا، بارلىق تاۋارلارنىڭ سىرتقى ئورالمىسىنىڭ ھەممىسى دېزىنفېكسىيەلەندى؛ گۆش تۈرىدىكىلەرنى سېتىش رايونى، كۆكتات سېتىش رايونى، دۆشە، تىغلىق ئەسۋاب سايمانلار، ئېغىرلىق ئۆلچەش ئەسۋابلىرى، قاچىلاش بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى دېزىنفېكسىيەلەش خىزمىتى نۇقتىلىق ياخشى ئىشلەندى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)